# ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش يېڭى يىللىق چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزدى

## چېن چۈەنگو سۆز قىلدى شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى نۇرلان ئەبىلمەجىن رىياسەتچىلىك قىلدى



2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ مەرھابا مېھمانخانىسى يىغىن مەركىزىدە يېڭى يىللىق چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتكومىنىڭ 1 ـ شۇجىسى، 1 ـ جېڭۋېي چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر قاتارلىق رەھبەرلەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى ۋەكىللىرى بىلەن خۇشال ـ خۇرام جەم بولۇپ، 2020 ـ يىللىق يېڭى يىلنى بىرلىكتە كۈتۈۋالدى.

□ مۇخبىرىمىز سۈي جېجيەن فوتوسى

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ مەرھابا مېھمانخانىسى يىغىن مەركىزىدە يېڭى يىللىق چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، سۇن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۇنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، جاڭ چۇنلىن ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار ھەمدە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى ۋەكىللىرى بىلەن خۇشال ـ خۇرام جەم بولۇپ، 2020 ـ يىللىق يېڭى يىلنى بىرلىكتە كۈتۈۋالدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن چاي سۆھبىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتكومىنىڭ 1 ـ شۇجىسى، 1 ـ جېڭۋېي چېن چۈەنگو تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سۆز قىلدى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار، ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرىغا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار، كادىرلار ۋە ھەر ساھە زاتلىرىغا، دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم يولداشلارغا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى، قۇراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرى، ئوت ئۆچۈرۈش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قوشۇنىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كەڭ كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ھەمدە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىدىكى يولداشلارغا، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەن، ياردەم بەرگەن ۋە قوللىغان بارلىق دوستلارغا سەممىمي سالام يوللىدى ۋە يېڭى يىللىق بەخت تىلىدى!

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: 2019 ـ يىلى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىسلاھات خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك ئىشلاردا يېڭى ئىلگىرلەشلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بايراق كۆتۈرۈپ يۆنىلىشنى بەلگىلىگەنلىكى، رولچى بولۇپ يول باشلىغانلىقىدىن بولغان، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ شانلىق يېتەكلىشى، ئىلمىي يېتەكچىلىكىدىن بولغان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، سەممىمي غەمخورلۇقىدىن بولغان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شەخسىيەتسىز ياردەم بەرگەنلىكى، زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىدىن بولغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، ئەسكەر، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغانلىقىدىن بولغان، شۇنداقلا بۇنىڭغا ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى ۋە ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار، ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرى ھەمدە كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ يۈرەك قېنى ۋە ئەقىل ـ پاراستى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، كەڭ كادىرلار، ئامما، ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، قەيسەرانە جان تىكىپ ئىشلىشىپ ئىشلىشىدىن كەلگەن.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئۆتكەن بىر يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى مەركەزنى چۆرىدەپ، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇشتا، چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشكە كۈچەشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئىلمىي تەدبىر بەلگىلىشىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن كۆز قاراشقا ئىگە، سالمىقى بار، قىممىتى بار نۇرغۇن پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىسلاھاتتىكى تۈرلۈك ئىشلارنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. يېڭى بىر يىلدا، بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەڭ كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، شىنجاڭنى ئەمىن قىلىشنىڭ ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، بۈيۈك ئىتتىپاقلىق، بۈيۈك بىرلىشىشتە چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغىتىپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا بولىدىغانلىكى بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئورتاق ھالدا ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشى كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 2020 ـ يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل. بىز «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى تىرىشىپ ياخشى يېزىپ چىقىشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى جەي جيەنفاڭ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئالىي مال دوختۇرى ئەيساجان ئابلا چاي سۆھبىتىدە سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى، ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ئۈرۈمچى بازىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئۈرۈمچىدىكى ئاپتونوم رايونىمىزدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى قىسمەن پېشقەدەم يولداشلار چاي سۆھبىتىگە قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمەن ئورۇنلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، ئۈرۈمچىدىكى قىسمەن پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرى، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ۋەكىل زاتلار، ھەرقايسى سەپتىكى ئىلغارلار، نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرى قاتارلىقلار چاي سۆھبىتىگە قاتناشتى.

چاي سۆھبىتىدە، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئېسىل نومۇرلارنى ئورۇنلىدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ، تىز پۈكمەي، ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىشنىڭ نەتىجىسى، تېخىمۇ مۇھىمى، يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىپ، يەلكەن چىقىرىپ قايتا يولغا چىقىش سەپەرۋەرلىكىدۇر. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىسىلا، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولسىلا، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار، ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرىغا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار، كادىرلار ۋە ھەر ساھە زاتلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىمنىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرى ۋە ئوت ئۆچۈرۈش ـ قۇتقۇزۇش ئەترىتىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوندىكى قېرىنداشلار، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايوندىكى قېرىنداشلار، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلارغا، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە مەدەت بەرگەن ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى دوستلارغا بايراملىق بەخت تىلىدى، كۆپچىلىكنىڭ يېڭى يىلنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 2019 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق يىل. بىر يىلدىن بۇيان، كۆپچىلىك بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ، بىرلىكتە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈردۇق، شۇنداقلا نۇرغۇن نەتىجىگە ئېرىشتۇق. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئىچكى ـ تاشقى خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار كۆرۈنەرلىك كۆپەيگەن مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى كۈچەپ ياخشى قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، جەمئىيەت قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدا يېڭى مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى داۋاملىق كۈچلۈك ئالغا سىلجىتتى، «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتى مۆلچەرگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تېخىمۇ پۇختا ئاساس سالدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ بىر يىلدا، بىز يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيەتلىرىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى جانلىق نامايان قىلىپ، يېڭى جۇڭگونى مەدھىيەلەش، يېڭى دەۋردە كۈرەش قىلىشنىڭ جۇشقۇن مېلودىيەسىنى ياڭرىتىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق ۋە دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقى ۋە كۈرەش قىلىش روھىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۇرغۇتۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدۇق. بۇ بىر يىلدا، بىز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتتۇق. بۇ يىل مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان 46 نۇقتىلىق ئىسلاھات ۋەزىپىسى ۋە باشقا 61 ئىسلاھات ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاندى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلار يەنە 178 ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى، ھەرقايسى تەرەپلەر جەمئىي 285 ئىسلاھات لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ھەرقايسى تەرەپلەر 2217 ئىسلاھات لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ بىر يىلدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى پۈتۈن پارتىيەدە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي «تۆت خاھىش» بولۇپمۇ شەكلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى تۈزەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيانقى تۈزۈم قۇرۇلۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە تەجرىبىلىرى سىستېمىلىق يەكۈنلىنىپ، يېڭى دەۋردە دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىدا نېمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش، نېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور مەسىلىگە چوڭقۇر جاۋاب بېرىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش غەيرىتى كۈچەيتىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 2020 ـ يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىدىغان يىل. بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يېتىشتە بۇرچ شەرەپلىك، مەسئۇلىيەت ئېغىر، زور. بىز يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. بىز «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»، «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»، «ئاۋمېننى ئاۋمېنلىقلار ئىدارە قىلىش» يۇقىرى ئاپتونومىيە فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئۇزاققىچە گۈللىنىشى، مۇقىم بولۇشىنى قوغدىشىمىز كېرەك. بىز بىر جۇڭگو پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، «92 ـ يىلدىكى ئورتاق تونۇش» ئاساسىدا ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ تىنچ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. بىز تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تاشقى ئالاقە ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، دۇنيا تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىر يىلدىن بۇيان، خەلق سىياسىي كېڭىشى ئىدىيەنى نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېموكراتىيەنى ئەۋج ئالدۇرۇش بىلەن ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش، چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشكە كۈچەشتە چىڭ تۇرۇپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى چىڭ كۆزلەپ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. يېڭى بىر يىلدا، خەلق سىياسىي كېڭىشى «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىشنى خىزمەتنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەشنى مەركىزىي ھالقا قىلىپ، خەلق سىياسىي كېڭىشى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملىشى كېرەك.

چاي سۆھبىتىگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ ياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: بىز چوقۇم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركەزنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، بىرلىك سەپ ۋە خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

3 ـ سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋۇ ۋېيخۇا ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

چاي سۆھبىتىدە، شى جىنپىڭ قاتارلىقلار ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، كۆپچىلىك بىلەن سەممىمىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئۆزئارا ئەھۋال سورىدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ قىسمەن ئەزالىرى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئېسىل نومۇرلارنى ئورۇنلىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، پۈتۈن مەيداندىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ «ئىتتىپاقلىق كۈچ»نى ئېيتتى، يىغىن مەيدانى قايناق ـ تاشقىنلىق بايرام كەيپىياتىغا چۆمدى.

بېيجىڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەندىكى قىسمەن رەھبىرىي يولداشلار، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتىكى رەھبىرىي يولداشلار ۋە ئىلگىرى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بېيجىڭدىكى پېشقەدەم يولداشلار چاي سۆھبىتىگە قاتناشتى.